3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 130 مىڭدىن ئارتۇق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگۈچى ئائىلىلەرگە كىرىپ نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاشنى قانات يايدۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياك** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش رەسمىي تىزىملاش باسقۇچىغا كىردى. كەلگۈسى بىر ئاي ئىچىدە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 130 مىڭدىن ئارتۇق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگۈچى بارلىق ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى رەسمىي تىزىملاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېلېكترونلاشقان ئۇسۇل قوللىنىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش قانات يايدۇرۇلىدىكەن، ئائىلىلەرگە كىرىپ تەكشۈرۈش، ئالاقە تورىدا ئۆز ئالدىغا تولدۇرۇش، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەردە توپلاش، سانلىق مەلۇماتلارنى ئەمەلىي ۋاقىتتا بىۋاسىتە يۇقىرىغا يوللاش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، ھەربىر ئۇچۇر تەكرارلانماي، چۈشۈرۈلۈپ قويۇلماي، دەل جايىدا توپلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش مەنبە سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدىكەن.

ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش خىزمىتىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رەسمىي تىزىملاشتىن بۇرۇنقى تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش باسقۇچىدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار «ئىككى خادىم» (ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش يېتەكچىسى، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگۈچى) قوشۇنىنى تاللاپ تەكلىپ قىلىش ۋە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، جەمئىي 137 مىڭ 98 «ئىككى خادىم»نى تاللاپ تەكلىپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش يېتەكچىسى 28 مىڭ 448 كىشى، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگۈچى 108 مىڭ 650 كىشى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رايونلارغا ئايرىش خەرىتىسى ۋە ئىمارەتلەرگە بەلگە سېلىش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۈنۈمدە تاماملىدى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 14 مىڭ 791 ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش رايونىنىڭ چېگراسىنى بېكىتىش تاماملىنىپ، 4 مىليون 730 مىڭ ئىمارەتكە بەلگە سېلىنىپ، 110 مىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئولتۇراق رايونى ئايرىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى رەسمىي تىزىملاش پروگرامما تۆۋەن قاتلىمى تىرىكى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسى بىلەن تەمىنلەندى.

ئالدىنقى مەزگىلدە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي تەشۋىقات ئېلانى 200 مىڭ پارچە، تەشۋىقات ۋەرەقى 7 مىليون پارچە، ئابونچىلارغا يوللانغان بىر پارچە خەتتىن 8 مىليون 500 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تارقىتىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تەشۋىقاتىدىن ھەممە ئائىلە خەۋەردار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش دۆلەتنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈش ۋە ئامىمىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كەڭ ئاھالىلەرنىڭ پائال ماسلىشىپ، ئۇچۇرلارنى ئەينەن تولدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئۇچۇرلىرىنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قوللاپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ماسلىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ، نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ھەقىقىي، دەل جايىدا، مۇكەممەل، ۋاقتىدا تەمىنلەپ، 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ «جاۋاب قەغىزى»نى بىرلىكتە ياخشى تاماملىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قەشقەر ۋىلايىتى 3 - قېتىملىق بارلىق خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى

نەق مەيدان تەرتىپى تەرتىپلىك بولدى   ئاھالىلەر پائال ماسلاشتى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا**

ماسكا تاقىغانلار، بىر مېتىر ئارىلىق ساقلىغانلار... 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسى قىزكەنت كەنتىدە، كەنت ئاھالىلىرى تەلەپ بويىچە تەرتىپلىك ئۆچرەتتە تۇردى، بۇلاقسۇ يېزىلىق مەركىزىي دوختۇرخانىدىن كەلگەن نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش گۇرۇپپىسى كەنت ئاھالىلىرىدىن نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىشنى قانات يايدۇرۇۋاتاتتى.

نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش سالمىقى ۋە قېتىم سانىنى ئاشۇرۇش «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۇقۇملانغۇچىلارنى دەل جايىدا بايقاشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، قەشقەر ۋىلايىتى 3 - قېتىملىق بارلىق خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ ھەم نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، يۇقۇملىنىش خەۋپى يۇقىرى ئاسان يۇقۇملىنىدىغان كىشىلەر توپىغا قارىتا تەكشۈرۈش قېتىم سانىنى كۆپەيتىپ، نۆۋەتتە بۇ خىزمەت جىددىي، تەرتىپلىك ئىشلەنمەكتە.

«بىزنىڭ ئەۋرىشكە ئېلىش گۇرۇپپىمىزدا جەمئىي ئالتە ئادەم بار، ئەۋرىشكە ئېلىش جەريانىدا بىز مۇداپىئە تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بارلىق خادىملار 3 - دەرىجىلىك مۇداپىئە كۆردۇق، ھەربىر ئادەمدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قولىمىزنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ، ئەۋرىشكە ئېلىش جەريانىنىڭ بىخەتەر، ئەۋرىشكە ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق.» قىزكەنت كەنتىدىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش نەق مەيدانىدا، ئەۋرىشكە ئېلىش خادىمى خەلچىگۈل كەنجى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: گەرچە ئىسسىنا قوشۇپ ئىشلەش ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن بالدۇرراق ئەۋرىشكە ئېلىپ بولساق تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ بالدۇرراق چىقىدىغانلىقىنى، دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈپ ئىلغاپ تەكشۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى، كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىساقلا، ھەممىمىزنىڭ غەيرىتى تولۇپ تاشىدۇ.

بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش جەريانىدا، نۇرغۇن مەھەللىلەر مۇددەتتىن بۇرۇن تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەپ، ئاھالىلەرگە بىنادىن چۈشۈشنى ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئاھالىلەرگە ياخشى مۇلازىمەت قىلدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 17دە، قەشقەر شەھىرىنىڭ قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللىسى فېڭسەي ئولتۇراق رايونىدا، ئاھالىلەر تەرتىپلىك ئۆچرەتتە تۇرۇپ نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىشنى كۈتۈۋاتاتتى. ھامىلدار شۇ شياۋمېي ئالتە ياشلىق بالىسىنى يېتىلەپ ئەۋرىشكە ئېلىش نۇقتىسىغا كېلىشى بىلەنلا، پىدائىيلار ئۇنى سەپنىڭ ئەڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ ئۇچۇرنى تىزىملىغاندىن كېيىن ئەۋرىشكە ئېلىشنى تاماملىدى.

«ئاھالىلەرنى نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىشقا تەشكىللىگەندە، بىز ئوخشاش بولمىغان ئامىمىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق ئويلىشىپ، ياشانغانلار، ھامىلدارلار، بالىلار قاتارلىقلارنى ئالدىن ئەۋرىشكە ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆچرەتتە تۇرغۇزۇپ ساقلاتمىدۇق؛ ھەرىكىتى قولايسىز بەزى مېيىپ كىشىلەر قاتارلىقلارغا قارىتا ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئەۋرىشكە ئېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدۇق» دېدى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى نىي تىڭ.

ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىنچىكە مۇلازىمەت ئاھالىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە پائال ماسلىشىشىغا ئېرىشىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 23تە، يورۇق ئاي نۇرىدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆڭخۇ كوچا باشقارمىسى ئەسىر يولى مەھەللىسى دۆڭچېك گۈللۈكى ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالىلەر نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىشقا قاتنىشىۋاتاتتى، نەق مەيدان تەرتىپلىك بولۇپ، ئاھالىلەر ئاڭلىق ھالدا ئۆچرەتتە تۇرۇپ ئارىلىق ساقلاۋاتاتتى.

«بىزنىڭ مەھەللىدە 16 ئولتۇراق رايون، 6800 ئاھالە بار، چۈشتىن باشلاپ ئەۋرىشكە ئالساق، ئەتىسى سەھەر سائەت 1دە بارلىق ئاھالىلەردىن ئەۋرىشكە ئېلىپ بولالىشىمىز مۇمكىن.» ئەسىر يولى مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇنەبىجان ئابدۇقادىر مۇنداق دېدى: نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ مەھەللە خادىملارنىڭ ئۇچۇرنى مۇددەتتىن بۇرۇن تەييارلاپ بولدى، مەھەللە كادىرلىرى، ھەرقايسى بىنالاردىكى پىدائىيلار ئاھالىلەرگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىنادىن چۈشۈشنى ئۇقتۇرۇپ، بىنالار بويىچە ئەۋرىشكە ئېلىپ، ئۆچرەتتە تۇرۇش ۋاقتىنى تېجەپ، توپلىشىپ يۇقۇملىنىش خەۋپ - خەتىرىدىن ساقلاندى.

«ئون نەچچە مىنۇت ئۆچرەتتە تۇرغاندىن كېيىن ماڭا نۆۋەت كەلدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تەرتىپكە رىئايە قىلىپ، ناھايىتى تېزلا تۈگەتتى.» ئەمدىلا نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىشنى ئىشلەپ بولغان دۆڭچېك گۈللۈكى ئولتۇراق رايونى ئاھالىسى گۈلجامال مىجىت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: گەرچە نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش ۋاقتى سەل كېيىنرەك بولسىمۇ، لېكىن مەھەللە كادىرلىرى، پىدائىيلار، نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئالغۇچى خادىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاپالىق خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك ھەممىمىز ناھايىتى تەسىرلەندۇق. «نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشمۇ بىزنىڭ ساغلاملىقىمىزغا مەسئۇل بولغانلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىش بىز ئاھالىلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز. كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقارساقلا، ئاندىن يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلالايمىز» دېدى گۈلجامال.

(بېشى 1 - بەتتە)

پۇختا ئالغا سىلجىتتى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت خەلق ئامىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇش، يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ كەنت - بازار (مەھەللە) ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش قاتارلىق ھالقىلارنىڭ ئۆتكەلنى ئەگلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك؛ قاتتىق، ئەتراپلىق تەدبىر قوللىنىپ، دوختۇرخانا ئىچىدە گىرەلەشمە يۇقۇملىنىش يۈزبېرىشنى قەتئىي توسۇش كېرەك؛ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە ساغلاملىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى پۇختا ياخشى قىلىپ، ئاچقۇچلۇق ئورۇن، نۇقتىلىق سورۇن ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان خادىملارنى پۈتۈن جەريانلىق، پۈتۈن زەنجىرلىك يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈپ، دائىملاشقان كۆزىتىپ ئۆلچەشنى ئۈزۈلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋاقتىدا بايقاش، تېز بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكى ۋە قوللىشى، ياردىمىدە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى، دەل جايىدىلىقى، ئۈنۈملۈكلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش كېرەك. نۇقتىلىق ئورۇن، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر، ئىنچىكە قانات يايدۇرۇپ، مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالى بولغان تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك؛ تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ۋە ساغلاملىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرى ۋە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك؛ ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئامىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ غەيرەتنى ئۇرغۇتۇش   قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش

—— ھەرقايسى جايلاردىكى لېكسىيە ئۆمەكلىرى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

لېكسىيە ئەتراپلىق، ئومۇمىيۈزلۈك بولدى، يېشىپ بېرىش ئەمەلىيەتكە زىچ يېقىنلاشتى... ئۆدا نەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش ئۆمەكلىرى ئورگان، پارتىيە مەكتىپى، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر (باغچە رايونى)لەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولىمىز.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى سىن يىغىنى شەكلىدە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى ئاچتى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى ۋېي بو مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى لېكسىيەنى ئاڭلاپ، ناھايىتى زور نەپكە ئېرىشتىم. لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەمەلىيەتكە يېقىن، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك لېكسىيە ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان غەمخورلۇقىنى ھەر مىللەت ئامىمىغا ۋاقتىدا، دەل جايىدا يەتكۈزۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزۇشقا تۈرتكە بولىمەن».

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك لېكسىيە ئۆمىكى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە تارىم تەپتىش مەھكىمىسىدە لېكسىيە سۆزلىدى. «بۈگۈندىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا، مەن پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتنى ساقلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە - كۈچ قوشىمەن» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى رېۋىزىيە باشقارمىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى گۈلپىيەم تۇردى لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ناھىيە (شەھەر) لېكسىيە شۆبە ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىدە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ شۆبېي مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى لېكسىيە مېنى كۆپ نەپكە ئېرىشتۈردى، بىر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىمەن، ياخشى تەشۋىق قىلىمەن، ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمەن، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش جەھەتتە پائال تۆھپە قوشىمەن».

ئۆدا نەچچە كۈندىن بۇيان، خوشۇت ناھىيەسى بىر لېكسىيە سۆزلەش باش ئەترىتى ۋە بەش لېكسىيە سۆزلەش تارماق ئەترىتى قۇرۇپ، ھەرقايسى يېزا، كەنت، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ ناھىيەنىڭ لېكسىيە سۆزلىگۈچىلىرى مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭ ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئاممىنى قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىمىز.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى (قاراماي يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى)نىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن ئاساسىي قاتلامدا لېكسىيە سۆزلەش ئەترىتى جۇڭشىن يولى كوچا باشقارمىسى يۈەنجېڭ مەھەللىسىدە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. يۈەنجېڭ مەھەللىسىدىكى ئاھالە ۋاڭ فۇشېڭ لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «لېكسىيەنى ئاڭلاپ ناھايىتى روھلاندىم، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى. ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ھەمكارلاشساق، تۇرمۇشىمىز جەزمەن بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ».

(مۇخبىر شيا چىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يوۋجۈن، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن دىڭ لىجۈەن، تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ چۈنلىن، بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن شې شياۋيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ياڭپېيشەن، ساۋ يىگۇاڭ، خاۋ جيەنپې)